

مۇھەممەت ئىمىن

# ئالۋاستىغا تەگكەن ساھىبجامال

مىللەتلەر نەشرىياتى



مۇھەممەت ئىمىن

# ئاۋۇ ئاستىغا تەگكەن ساھىبجامال

(پوۋېست)



责任编辑
责任校对：亚森·买买提
装帧设计：刘家峰

**图书在版编目(CIP)数据**

嫁给魔鬼的美女：维吾尔文/穆罕默德·伊明著
北京：民族出版社，2000.2
ISBN 7-105-03813-6

Ⅰ.嫁…　Ⅱ.穆…　Ⅲ.中篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 14473 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号　邮编：100013)
民族出版社微机照排　　艺辉胶印厂印刷
各地新华书店经销
2000 年 4 月第 1 版　2000 年 4 月北京第 1 次印刷
开本：787×1092 毫米　1/32　印张：6.125
印数：0001—4000 册　定价：7.50 元

مەسئۇل مۇھەررىر
: ياسىن مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتور
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ليۇ جيافېڭ

مۇھەممەت ئىمىن

# ئالۋاستىغا تەگكەن ساھىبجامال

(پوۋېست)

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14ـقورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010ـ64228007
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: يىخۇي باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
2000ـيىل 4ـئايدا بېيجىڭدا 1ـقېتىم نەشر قىلىندى
2000ـيىل 4ـئايدا بېيجىڭدا 1ـقېتىم بېسىلدى
سانى: 0001ـ4000 باھاسى: 7.50 يۈەن




—ئالۋاستىغا تەگسەم تېگى-
مەنكى، سەندەك ئادەمگە تەگ-
مەيمەن! —مەن غەزەپ بىلەن
ۋارقىراپ، ئۇنىڭ ئۇمىد بى-
لەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلى-
رىگە بىگىز قولۇمنى تىقى-
ۋەتكىلى تاس قالدىم. چىڭ-
قىلىپ ۋارقىراشتىن چىرا-
يىم ئۆزگىرىپ قورقۇنچلۇق



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تۇسكە كىرىپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ قېتىم ئۇ بۇرۇنقىدەك يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ ئولتۇرماي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ھەر نېمە بولسا بۇ يېپىشقاق بۇدۇشقاقتىن، ياق، رەزگى رودۇپايدىن قۇتۇلدۇم دەپ خۇش بولۇپ يېنىك تىن ئالدىم.

بىراق ئاشۇ خۇشلۇقۇم ئۇزاققا بارسىچۇ كاشكى! روھىي تۇۋرۇكۇم توساتتىن غاراسلاپ سۇنغاندەك بولدى، يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم. ئىچىم پىژىلداپ ئېچىشقىلى تۇردى. ئاخىر ئۇنى خېلى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمغا تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. دەسلەپتە ئۇ ماڭا ئىنتايىن قابىلىيەتلىكتەك، كەلگۈسىدىكى كاتتا ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغاندەك بولۇپ كۆرۈنگەن، تەمكىنلىكى ۋە سىلىق سىپايىلىقى بىلەن مەندە خېلى ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ دىتىمغا تازا ياقمايدىغان شاللاق، لاۋزا يەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى سىزىپ قالدىم. ئومۇمەن بۇ يىگىت ئىنتايىن سۆزمەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى ئارىلىقىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر بىر ھاڭ باردەكلا قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى قۇلىقىم تۇۋىدە شاتۇتىغا ئوخشاش بىرخىل قېلىپتا قانچە چىرايلىق سايرىغانسېرى كۆڭلۈمدىكى بىزارلىق تۇيغۇسى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق تېتىقسىز، لاۋزا ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ راستىتىنلا ئۇنىڭ

يۈرىكى قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققانلىقىغا ئۆزۈمنى ھەرقانچە
زورلىساممۇ ئىشەندۈرەلمەي كېلىۋاتاتتىم. نېمىشقىدۇر بۇ
چىرايلىق سۆزلەر ماڭا ھامان قەستەن كۆز-كۆز قىلىش
ئۈچۈن بال تېمىپ تۇرغان ئاغزىنىڭ ئۇچىغا ئېسىۋالغان
يالتىراق سۆز تىزىقلىرىدەك ساختا بىلىنەتتى. بۇگۈنمۇ ئۇ
ئاشۇنداق تەسىرلىك ئاھاڭدا بىر ھازا كۇسۇرلىدى، ئاندىن
كېيىن كۈتمىگەن يەردىن دەرھال توي قىلىش تەكلىپىنى
ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، نېمە بولدى بىلمىدىم، ئۆزۈمچىلا
جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قېلىپ، يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاغزىمدىن
چىقىرىپ سالدىم. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن، مەيۈسلەنگەن ۋە
سالپايغان ھالدا يېنىمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئالدىراڭ-
غۇلۇقۇمغا، تەنتەكلىكىمگە لەنەت ئوقۇغىلى تۇردۇم. ئۇ-
نىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ تۈن قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كې-
تىۋاتقان قاۋۇل بەستىگە قاراپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغ-
لىۋەتتىم. پۇشايمان ئامبۇرىدا قىسىلىۋاتقان يۈرىكىمۇ
شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئاچچى-
قىمدا ئاغزىمغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغىلى تاس-تاس قال-
دىم. لېكىن بوينۇمنىڭ قاتتىقلىقى، غۇرۇرۇمنىڭ كۈچ-
لۈكلۈكى ئۇنى قايتىدىن يېنىمغا چاقىرىپ ئەپ كېلىشىمگە
يول قويمايتتى. روھىم تېنىمدىن ئاجراپ چىقىپ كەتكەن-
دەك ئەس-ھوشۇمنى يوقىتىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي
مەڭدەپ تۇرسام ئارقامدىن تۇيۇقسىز گۈلدۈرمامىدەك دەھ-

شەتلىك، قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئالۋاستىغا تەگمەكچى بولغان قىز سىزمۇ؟

قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، كۆز يېشىمنى سۈرتۈۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، شارتتىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، تاغدەك بەتهەيۋەت بىر ئالۋاستى ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، بېجىرىم ئوغۇل بالىدەك قورقۇمسىز بولغىنىم، بولمىسا قورققىنىمدىن ئارقامغا دىرىڭىدە ئۈچۈپ چۈشكەن بولاتتىم. ئۇنىڭ تاغ چوققىسىدەك يوغان بېشىدىكى قىپقىزىل چاچلىرى ياز كېچىسىنىڭ مەيىن شامىلىدا خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش لوغۇلداپ تۇراتتى. دولانلىقلارنىڭ ياما ئىچىدىغان چوڭقۇر ياغاچ چۆچىكىنى ئەسلىتىدىغان ئورا كۆزلىرى گويا جاللاتنىڭ ئەگرى قىلىچىدەك سۇرلۇك چۈپۈر قاشلىرى ئاستىدا ۋەھىمىلىك چاقنايتتى. قازان كۈيىسىدەك قاپقارا يۈزىنى قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىۋەتكەن قىڭراقسىمان بۇرنىنىڭ ئون جۈپ قۇشقاچ ئۇۋا سالسىمۇ تارلىق قىلمايدىغان يوغان تۆشۈكلىرى ئۇنىڭ پۇشۇلداپ تىنىشىغا ئەگىشىپ تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىگە ئوخشاش بىر ئېچىلىپ-بىر يېپىلاتتى. دات بېسىپ كەتكەن قارا-سارغۇچ، ئىگىلمىگ-سىڭگىل چىشلىرى ھاڭسىمان ئاغزىدىن سىرتقا پۈلتىيىپ چىقىپ تۇراتتى. مەن تەرەپكە سوزۇپ تۇرغان ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى ئۆچكە چۈپۈرىدىنمۇ قويۇق ۋە ئۆسكىلەڭ تۈك-

لەر قاپلاپ كەتكەن، تۆمۈرگۈرجەكتەك ئۆتكۈر ۋە ئۇزۇن
تىرناقلىرىنى قاپقارا كىر بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ
بەتهەيۋەت، قورقۇنچلۇق تۇرقىغا قاراپ تېنىم جۇغۇلداپ
كەتتى، يۈرىكىمنى ۋەھىمە قاپلىدى. ئەمدى قانداقمۇ قىلار-
مەن؟ بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنىڭ چاڭگىلىدىن قانداق قۇ-
لىپ قۇتۇلارمەن؟ ھەي مۇشۇ ئاغزىمنىڭ ئىتتىكلىكىنى!
بولمىسا مۇشۇنداق چوڭ بالا-قازاغا قالارمىدىم؟ ”جىننىڭ
گېپىنى قىلسا جىن كېلىدۇ“ دېگەن گەپ راست گەپ
ئىكەن-دە! ھەي توۋا!

ئالۋاستى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئاۋۋال ئېغىز
ئاچتى:

— مەندىن ئۇنچىۋالا قورقۇپمۇ كەتمەڭ، گۈزەل قىز!
مەن ئادەملەر خۇنۇكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەندەك ئۇن-
چىۋالا قورقۇنچلۇق، ياۋۇز، قەبىھ، قانخور ۋە ئەسكى
ئەمەسمەن. كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مەن بەزى ئادەملەرگە
قارىغاندا كۆپ ئىنساپلىق، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە ئاق
كۆڭۈلمەن. ئىشەنمىسىڭىز كېيىنكى ئەمەلىيىتىمدىن كۆ-
رىسىز! — ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تەلەپپۇزى گويا ماڭا تەسەللى
بېرىۋاتقاندەكلا شۇنداق سىلىق-سىپايە، مۇلايىم ۋە تەسىر-
لىك ئىدىكى، كۆڭلۈم ئاسمىنىنى قاپلىۋالغان ۋەھىمە بۇ-
لۇتلىرى تۇساتتىن تارقاپ كەتكەندەك بولدى، نېرۋا ھۆ-
جەيرىلىرىمدىكى كىرىچتەك چىڭ تارتىلغان جىددىيچىلىك

سەل-پەل پەسىيىپ، مېڭەمنىڭ نورمال تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئەسلىگە كەلدى.

— مېنى. . . مېنى. . . نېمە. . . نېمە قىلاي دەيسىز؟

— مەن سەل دىدىللىشىپ يۇقىرىقى سوئالنى سوراشقا جۈر-ئەت قىلغان بولسامىمۇ، قورقۇنچ ۋە جىددىيچىلىكتىن يەنىلا تىلىم تۇزۇك گەپكە كەلمەي دۇدۇقلاپ قالدىم. لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان پۈتۈن ئەزايىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەت-تى.

— نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى ئۇ تېخىمۇ مۇلايىملىشىپ، — ئۆزۈمگە خوتۇن قىلىمەن شۇ!

— خوتۇن؟! — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەس-ھوشۇمنى يو-قىتىپ، ئىختىيارسىز ۋارقىراپ سالدىم، — بۇنداق گەپنى قىلماڭ، كۇپۇرلۇق بولىدۇ، توۋا دەڭ، توۋا!

مەن تۇيۇقسىز ”جىن-ئالۋاستىلار سۈرە-ئايەتتىن قور-قىدۇ“ دېگەن گەپنى ئېسىمگە ئالدىم-دە، كۆزۈمنى يۇ-مۇپ، بىلگەن سۈرە-ئايەتلەرنى ئىچىمدە پىچىرلاپ ئوقۇپ، ئەتراپىمغا سۈپ-سۈپلەپ ھۈرۈشكە باشلىدىم.

ئالۋاستى بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ جا-راڭلىق كۈلكىسىدىن ئەتراپتىكى دەل-دەرەخلەر شىددەتلىك بورانغا يولۇققاندەك ئىغاڭلاپ-شالدىرلاپ كەتتى. شۇ ھامان دەرەخ شاخلىرىدا تۈنەپ قالغان قاغىلار ئۈيقۇسىدىن چۆ-چۈپ ئويغىنىپ پالاق-پۇلۇق قىلىشىپ قاقىلداشقىنىچە

ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

—نېمىگە كۈلىسىز؟ —مەن تېخىمۇ دىدىللىشىپ، ئالۋاستىنىڭ ئايەتتىن قورقمىغىنىغا ھەيران بولۇپ سورىدىم.

—ئادەملەر نېمىدېگەن ئەخمەق-ھە! —ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئىنسانلارنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردى، —ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ئالۋاستىلارنى قورقۇتماقچى بولىدۇ تېخى! بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئالۋاستىلارنى قورقۇتىمىز دېگەندىن كۆرە ئۆزىمىزگە تەسەللى تاپىمىز دېگىنى تۈزۈك ئەمەسمۇ! ئىنسانلارنىڭ مۇشۇنداق ئەخمەقلىق، نادانلىقلىرىنى ئويلىسامغۇ ئۇلاردىن خوتۇن ئېلىشتىنمۇ يالتىيىپ قالىمەن بەزىدە!

—ئۇنداق بولسا بەك ياخشى! —مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ، خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي چاۋاك چېلىۋەتتىم، —ئۆزىڭىز ئالۋاستى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە ئالۋاستىدىن خوتۇن ئالغىنىڭىز ئاقىلانىلىق-تە!

—ھىم، مۇنداق دەڭ! —ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، مەسخىرە ئاھاڭىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —باياتىن نېمىشقا ئالۋاستىغا تېگىمەن دېدىڭىز ئەمىسە!

—ئاچچىقىمدا...



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

— ئۇنداقتا ئاچچىقىڭىز كەلسىلا يالغان سۆزلەۋېرىدى-كەنسىز-دە!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا باياتىنقى گېپىڭىزنى راست دەپ چۈشەنسەم خاتالاشمىغۇدەكمەن، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— قانداق تېجىمەل قىز بۇ! — ئالۋاستى ئاچچىقلاپ يەرگە بىرنى تېپىۋىدى، شۇ هامان چوڭقۇر بىر ئازگال پەيدا بولدى، — يا گېپىنىڭ تۇتامى يوق، يا ئۆزىنىڭ! ”تاللاپ-تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ“ دېگەندەك، تازا بىر قىزغا ئۇچرىدىممۇ نېمە مەن؟!

نېمە دەيدۇ ماۋۇ سەت ئالۋاستى! ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا شۇنداق هار كەلدىكى، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم. مەن ئۆزۈمنى شەھىرىمىزدىكى قىزلارنىڭ گۈلتاجىسى دەپ هېسابلايتتىم. يېشىمنىڭ يىلدىن يىلغا چوڭىيىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، نى-نى نوچى، قاۋۇل يىگىتلەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپ تۇرۇپ قويغان تەلەپلىرىنى خۇددى باياتىنقىدەك مەغرۇرلۇق بىلەن رەت قىلىۋەتكەن ئىدىم. هەرقانچە بىمەنە سۆزلەر بىلەن تىللىسامۇ، هاقارەتلىسەممۇ، ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى ماڭا ئېغىز ياندۇرۇشقا پېتىنالمايتتى. ئەمدىلىكتە مۇشۇنداق يىرگىنىشلىك ئالۋاستىمۇ يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ مېنى

ھاقارەتلەشكە جۇرئەت قىلىۋاتىدۇ، ئەجەبا، مەن راستىنلا مۇشۇنداق ئۇسال كۈنگە قالغاندىمەنمۇ؟! يارەببىم، زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھان؟! مەن ئۇنىڭ داۋىسىنى تازا بىر بېرىپ قويايچۇ دەپ ئاغزىمنى ئۈمەللىدىمىيۇ، لېكىن قاتتىق يەرنى بىر تېپىپلا چوڭقۇر ئازگال پەيدا قىلالىغان بەتھەيۋەت ئالۋاستىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن قورقۇپ، ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

—گەپ قىلمايسىزغۇ تېجىمەل قىز؟—ئالۋاستىنىڭ غارالڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى كېچە ئاسمىنىدا يەنە ياڭرىدى،

—غۇرۇڭىزغا تېگىپ قويدۇمغۇ دەيمەن، كەچۈرۈڭ!

توۋا، توۋا، ئادەملەر قىلىدىغاننى قىلىپ-قىلىۋېلىپ، دەيدىغاننى دەپ-دەۋېلىپ، ئارقىدىن كەچۈرۈڭ دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ھەممىدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولىدىغان! ئەمدى ئالۋاستىلارنىڭمۇ ئادەملەرنىڭ شۇ ئادىتىنى بىردەمدىلا ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان! مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي، تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئالۋاستىغا قارىدىم. ئۇنىڭ قاپاق تېرەكتەك ئېگىز بەستى سەل-پەل ئالدىغا ئېگىلگەن بولۇپ، لامپىدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىرخىل تەقەززالىق، ئىنتىلىش، تەلمۈرۈش ۋە بىچارىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىغا قاراپ، دىلىم سەل يۇمشاپ، ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— نېمىشقا ئىنسانلاردىن خوتۇن ئالماقچى بولۇپ قالدىڭىز، ئالۋاستى ئەپەندى؟

ئەسكى خۇرجۇندىن توقماق چىققاندەك تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئالۋاستىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، ھەسرەتلەنگەن ھالدا يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈندىمىدى.

— ئالۋاستىدىن ئالغان خوتۇنۇم ماڭا ۋاپا قىلمىدى، — دېدى ئالۋاستى ئېغىز ئېچىپ، — گۆلدەك چىرايلىق ئىككى ئوغلۇمنى ئېلىپ ئاشنىسى بىلەن قېچىپ كەتتى. ئاختۇرمىغان يېرىم قالمىدى، ھەتتا كۆھىقاپقىچە باردىم، لېكىن ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئۇلار خۇددى بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەكلا ئۈن-تىنسىز غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەببەتتىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى، دۇنيادا مېھىر-ۋاپا، سەمىمىي-ساداقەت دېگەنلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. كېيىنچە پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم. ئالۋاستىلاردىن خوتۇن ئېلىشتىن رايىم يېنىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىن نۇرغۇن خوتۇن-قىزلارنى بۇلاپ قاچتىم. زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ جىسمىغا ئېرىشكەن بولسامۇ، كۆڭلىنى ئۇتۇشقا، يۈرىكىنى ئىگىلەشكە قادىر بولالمىدىم. بۇرۇن كۈچتۈڭگۈر بولسىلا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. مەن بۇلاپ كەلگەن خوتۇن-قىزلارنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە

نەپرەت بىلەن قاراشلىرى، ئۇلارنىڭ جىسمىنى ئىگىلىگەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق داد-پەريادلىرى، ئازابلىنىپ-تول-غىنىپ ئىڭراشلىرى، خۇدادىن ئۆلۈمۈنى تىلەپ قارغاپ تىللاشلىرى يۇقىرىقى ئوي-خىيالىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكى-دىن گۇمانلاندۇرۇپ قويدى. ئاخىر زورلۇق كۆچىگە تايى-نىپ باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولسىمۇ، ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. خۇددى پىشمىغان تولۇق ئۈزۈمنى ئۈزۈپ يېسە ئېغىزدا پە-قەت چۈچۈمەل، ئاچچىق، قىرتاق تەملا قالغاندەك، زور-لۇق كۈچىگە تايىنىپ ئېرىشكەن مۇھەببەتمۇ ئادەمگە ھېچ-قانداق ھۇزۇر بېغىشلىيالمايدىكەن، ئۇنىڭ شېرىن بولۇ-شىدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئەكسىچە ئادەمگە ئۇ چىداپ تۇرغۇسىز ئازاب، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇڭا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئالۋاستىغا تېگىشنى خالايدىغان بىرەر خوتۇن تاپاي دەپ پۈتۈن دۇنيانى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم. لېكىن قەيەرگىلا بارماي، ئىنسانلار ئارىسىدىن ئالۋاستىلارغا بول-غان ئۆچمەنلىك ۋە تىل-قارغىشتىن باشقىچىرەك بىر نەرسە ئۇچرىتالمىدىم. ئالۋاستىلارغا تېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرەر ئېغىز ياخشى گېپىنى قىلىدىغان بىر ئايالنىمۇ تاپالمىدىم. ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ بۇ دەرەخزار-لىق ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، سىزنىڭ گېپە-

گىنز قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. خۇشاللىقتىن ئاغزىم قۇلـ.
قىمغا يەتكۈدەك بولۇپ دەرھال يېنىڭىزغا چۈشۈۋىدىم،
ئەپسۇسكى سىزنىڭمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆز گېپ.
پىدە تۇرمايدىغانلىقىڭىزنى، تىلىڭىز بىلەن دىلىڭىزنىڭ
بىر ئەمەسلىكىنى، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا قىپقىزىل
يالغانچى ئىكەنلىكىڭىزنى كىم بىلسۇن؟
—ياق، ئۇنداق ئەمەس!
مەن ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولۇپ، ئالۋاستىنىڭ ئاچ.
چىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان باياتىنقى سۆزنى يەنە تەكرارلاپ
سالدىم. ئارقىدىن تىترىكىمنى زورىغا بېسىپ، ئالۋاستىغا
يوشۇرۇن سەپسالدىم. ئۇنىڭ چىرايى شۇ تاپتا ئىنتايىن
سولغۇن بولۇپ، توختىماي بېشىنى چايقاپ، ئېغىر خۇر.
سىناتتى. قارىغاندا ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ كېتىپ مېنىڭ
گېپىمگە قۇلاق سالمىغاندەك قىلاتتى. مەن ئەمدىلا يېنىك
تىن ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ توساتتىن سوراپ قالدى:
—دېمەك، گېپىم يەنىلا گەپ دەڭا!
—ياق، ئۇن... ئوئۇش!—مەن يەنە ”ياق، ئۇنداق
ئەمەس“ دېۋەتكىلى تاس قېلىپراق مىڭ تەسلىكتە تىلىمنى
يىغىپ، ئايالىلارنىڭ تولا سۆزلەپ كۆنۈپ قالغان سۆزىنى
ئاغزىمدىن چىقىرىۋەتتىم. ئالۋاستى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى
چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك ئەتىمالىم، كۆزلىرىنى چىم.
چىقلىتىپ مەڭدەپ قالدى. مەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلە.

نىپ، ئۇنى ئىنسانلاردىن خوتۇن ئېلىش نىيىتىدىن ياذ-
دۇرماقچى بولدۇم.

—ئويلاپ بېقىڭا، —دېدىم مەن ئاۋازىمنى ئىمكانقەدەر مۇلايىم، سىپايە ۋە تەسىرلىك چىقىرىشقا تىرىشىپ، —بۇنداق بەتبەشىرە، قورقۇنچلۇق تۇرسىڭىز سىزگە تېگىشكە قانداقمۇ جۇرئەت قىلالايمەن؟! ھېچبولمىغاندا چىرايىڭىز ئادەمنىڭ چىرايىغا ئاز-تولا ئوخشىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا بەلكىم. . .

ئالۋاستى تۇيۇقسىز كۆكۈش تۇتۇنگە ئايلىنىپ، ئاس-تا-ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، تېرەك بويى ئۆرلىگەندە تولغىنىپ-تولغىنىپ بىر ئۇچى كۆككە تاقاشقان، يەنە بىر ئۇچى يەرگە تىرەلگەن غايەت زور تۈۋرۈك ھاسىل قىلدى-دە، شىددەتلىك قۇيۇندەك پىرقىراپ چۆرگىلەشكە باشلى-دى. سۈتتەك ئايدىڭ خىرەلىشىپ، ئەتراپنى گۆردەك قا-راڭغۇلۇق قاپلىدى. بىردىنلا كۆكنى يارغان چاقماقتەك ئۆتكۈر بىر نۇر ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقناپ، قاراڭغۇلۇق باغرىنى خەنجەردەك يېرىپ ئۆتتى. شۇ ھامان ئالدىمدا خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن شاھزادىلەردىنمۇ بەك-رەك كېلىشكەن، قاۋۇل، چىرايلىق بىر يىگىت پەيدا بولدى.

—قانداق، ئەمدىغۇ مەمنۇن بولغانسىز؟—يىگىت ما-ڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ئېسىلزادىلەرگە خاس



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com